قەدەم بىلەن خەلق رايىنى ئۆلچەش چىن ھېسسىيات بىلەن خەلق قەلبىنى ئىللىتىش

—— «مەملىكەت بويىچە ئەڭ گۈزەل مەمۇر» ئىلمىرە بەختى توغرىسىدا

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاڭ جىلى، ئىختىيارىي مۇخبىر جاڭ لۇ

12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، ئاقسۇ شەھىرى جەنۇبىي شەھەر كوچا باشقارمىسى تەۋەسىدىكى ھۆكۈمەت ئىجارە ئۆيىدە ئولتۇرۇشلۇق خۇاڭ جياجيۇڭ كۆچۈپ كەتكىنىگە بىر يىل بولاي دەپ قالغان بولسىمۇ، نوپۇسى تۇرۇشلۇق جايىدىكى لەڭگەر كوچا باشقارمىسى پارتىيە خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىش باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى ئىلمىرە بەختىنىڭ يەنىلا ئۆزىنى ئەستىن چىقارمىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى.

«بۇلتۇر يىل ئاخىرىدا ئۆيۈم كۆچۈرۈلگەندە، ئېرىم راك كېسىلىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا ئىدى، ئائىلىمىز ئەڭ قىيىنچىلىقتا قالغاندا، ئىلمىرە ھۆكۈمەت ئىجارە ئۆيىنى ۋاقتىدا ماسلاشتۇرۇپ، ئائىلىمىزنىڭ تۇرالغۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بەردى.» خۇاڭ جياجيۇڭ مۇنداق دېدى: «بۇ قېتىم ئىلمىرە يەنە تەشەببۇسكارلىق بىلەن تېلېفون قىلىپ، مەندىن قانداق ياردەمگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىمنى سورىدى، بۇنىڭدىن قەلبىم ئىللىقلىققا تولدى».

مەيلى جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر ساقچىسى بولغاندا بولسۇن، ياكى يېزا، بازار، كوچا باشقارمىسىدا خىزمەت قىلغاندا بولسۇن، ئىلمىرە 15 يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپ، قەلبىگە ئاممىنى پۈكۈپ، ئاممىغا چىن قەلبىدىن مۇلازىمەت قىلىپ، ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. يېقىندا، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى باھالاپ ئېلان قىلغان مەملىكەت بويىچە «ئەڭ گۈزەل مەمۇر» تىزىملىكىدە ئىلمىرەنىڭ ئىسمى بار.

پارتىيە ئەزاسى بولغانىكەنمەن ئاتاكىدا ئالدىدا مېڭىشىم كېرەك

بۇ يىلنىڭ بېشىدىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدە، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇن ئىلمىرەنىڭ ئېرىنىڭ خەلق ساقچىسى ئىكەنلىكى، ئوغلى كىچىك بولۇپ، ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان ئادەم يوقلۇقىنى ئويلىشىپ، ئۇنى ئۆيىدە بۇيرۇق كۈتۈشكە ئورۇنلاشتۇرغاندا، ئۇ رەت قىلىپ: «مەن بىر كومپارتىيە ئەزاسى، قانچىكى ئاچچۇقلۇق پەيتتە، شۇنچىكى ئاتاكىدا ئالدىدا مېڭىشىم كېرەك» دېدى.

ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى تۈرلۈك - تۈمەن، مۇرەككەپ بولۇپ، ئىلمىرە ئېغىرلىق مەركىزىنى ئاممىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا قويدى. نەچچە ئون كۈن ئىچىدە، ئىلمىرە بىرەر قېتىممۇ ئۆيىگە قايتىپ باقمىدى، ئەكسىچە ھەر كۈنى تەۋەلىكىدىكى ئولتۇراق رايونلارنى بىر قېتىم ئايلىنىپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، كۆكتات بىلەن تەمىنلەش، ئاممىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەكشۈردى. ئۇ ھەر كۈنى 10 مىڭ قەدەمدىن ئارتۇق مېڭىپ، پۇتلىرى قاپىرىپ كەتتى، بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتا بەدەن ئېغىرلىقى سەككىز كىلوگىرام چۈشتى.

خىزمەت ھەرقانچە ئالدىراش بولسىمۇ، ئىلمىرە ياردەمگە موھتاج كىشىلەرنى ئۇنتۇپ قالمىدى. كوچا باشقارمىسى تەۋەسىدە 49 ئىگە - چاقىسىز ياشانغان كىشى، 84 قارىغۇچىسى يوق ياشانغان كىشى، 35 مېيىپ كىشى بار بولۇپ، ھەربىر ئائىلىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئۇ ئېسىدە ئېنىق ساقلاپ، ئارىلاپ ئائىلىلەرگە كىرىپ ھال سورىدى؛ 2293 يۇقىرى قان بېسىم ئاغرىقى، 1261 دىيابېت كېسىلى ئاغرىقى بار بولۇپ، قايسى كۈنى كەم دورا سېتىۋالدۇ، قايسى كۈنى كەم تەكشۈرتىدۇ، ئۇ ھەممىسىنى تەپسىلىي خاتىرىلىدى؛ 117 نەپەر ئېغىر، چوڭ كېسەل ئاغرىقى بار بولۇپ، ئۇ شەخسىي ئاپتوموبىلىنى ھەيدەپ ئۇلارنى ۋاقتىدا دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ تەكشۈرتتى، داۋالاتتى، ئىككى ئايدا 20 مىڭ كىلومېتىردىن كۆپرەك يول يۈردى.

چىن قەلبىدىن قىيىنچىلىقى بار ئاممىغا ياردەم بېرىش ۋە ئۇلارنى يۆلەش

2005 - يىلى ئىلمىرە داشۆنى پۈتكۈزۈپ، شەرەپلىك خەلق ساقچىسى بولدى. ساقچى بولغان ئون يىلدا، ئۇ باشتىن - ئاخىر ئاممىنى قەلبىگە پۈكتى، ئاممىمۇ ئۇنىڭ خىزمىتىنى ئالاھىدە ئېتىراپ قىلدى.

خىزمەتكە قاتنىشىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئىلمىرە تەۋەلىك رايوندىكى قىيىنچىلىقى بار ئاھالە كېرەم بىلەن تونۇشتى. كېرەمنىڭ بېيىشقا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن، ئىلمىرە ئۆزىنىڭ ئامانەت قويغان مائاشىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئائىلىسىگە ئون قوي ئېلىپ بەردى ھەم ئارىلاپ يوقلاپ تۇردى. 2008 - يىلى 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئېغىر ئاياغ ئىلمىرە كېرەمنى يوقلىغىلى بېرىپ، ئۇنىڭ بېشىنىڭ قىيىۋاتقانلىقى، پۈتۈن بەدىنىنىڭ ھالسىزلىنىپ كېتىۋاتقانلىقى، زۇكام دورىسى ئىچىپمۇ ياخشىلانمىغانلىقىنى بىلىپ، دەرھال ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ تەكشۈرتتى. دىياگنوز قويۇش ئارقىلىق، كېرەمگە مېڭە تىقلىمىسى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلدى، قان نوكچىسىنى دەرھال ئېرىتىش كېرەك ئىدى، ئۇ ئىككىلەنمەيلا دەرھال 20 مىڭ يۈەن زاكالەت تاپشۇردى. كېرەم كۆز يېشى قىلىپ: «سىز مېنىڭ ئائىلەمنىڭ ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە ياردەم بەردىڭىز، يەنە ھاياتىمنى قۇتقۇزۇپ قالدىڭىز، سىز مېنىڭ ئەڭ يېقىن تۇغقىنىم» دېدى.

2016 - يىلىنىڭ بېشىدا، خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن، ئىلمىرە ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ئىگەرچى يېزىسىغا كېلىپ خىزمەت قىلدى. ئاممىنىڭ ئالما، چىلانلىرىنىڭ سېتىلماي بېسىلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن سېتىش يوللىرىنى ئالاقىلەشتى. ئىككى ئايدىن كۆپرەك تىرىشىش ئارقىلىق، 6700 تونىنا ئالما پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا يۆرۈپ كەتتى. ئىلمىرە دېھقانلارنى تاۋباۋ، دوۋيىن قاتارلىق سۇپىلارغا چىقىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى «سېتىش ئەلچىسى» بولدى. بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىتتا، ئىگەرچى يېزىسىدىكى نۇرغۇن كەنت ۋاڭخۇڭ داكا جايغا ئايلاندى، ساياھەتچىلەر كەينى - كەينىدىن كېلىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىشىغا تۈرتكە بولدى. ئىگەرچى يېزىدا ئۇ يەنە نۇرغۇن «تۇغقان» بىلەن تونۇشتى. «سالامەتلىكىم ئانچە ياخشى ئەمەس، ھەر قېتىم قىيىنچىلىققا ئۇچرىسام، ئىلمىرەگە تېلېفون قىلىمەن، بۇ قىزىم بەك ياخشى» دېدى يېڭىباغ مەھەللىسىدىكى 67 ياشلىق ئاھالە ما گۈيىڭ.

ئەستايىدىل، قابىلىيەتلىكلەرنى ھەممە كىشى ماختايدۇ

«ئىلمىرە مۇدىرنىڭ ياردىمى بولمىسا، ئائىلىمىزنىڭ بۈگۈنكىدەك ياخشى كۈنلىرى نەدە تۇرۇپتۇ؟» لەڭگەر كوچا باشقارمىسىنىڭ ئاھالىسى ئەخمەت كېبىر ئۆزىنىڭ مېيىپ ئىكەنلىكىنى، ھېچقانداق تېخنىكا بىلمەيدىغانلىقىنى، يەنە بىر ئائىلىدىكى ئۈچ جاننى باقىدىغانلىقىنى، تۇرمۇشىنىڭ ناھايىتى جاپالىق ئۆتكەنلىكىنى ئېيتتى.

ئىلمىرە لەڭگەر كوچا باشقارمىسىدا خىزمەت قىلغاندىن كېيىن، ئائىلىلەرگە كىرىپ زىيارەت قىلىش جەريانىدا، ئەخمەت ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. ئۇ ئەخمەتكە ياردەملىشىپ بىر قۇلۇپ ئېچىش دۇكىنى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇنى شاگىرتلىققا ئورۇنلاشتۇردى. يېرىم يىل ئۆگىنىش ئارقىلىق، ئەخمەتنىڭ تېخنىكىسى پىششىپ يېتىلدى، ئىلمىرە يەنە ئۇنىڭ 80 مىڭ يۈەن قەرز پۇل ئىلتىماس قىلىپ دۇكان ئېچىشىغا ياردەم بەردى. ھازىر، ئەخمەت ئايدا 7000 يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلىپ، رەنەملىك قەرزگە يېڭى ئۆي سېتىۋالدى، يەنە پىكاپ سېتىۋالدى.

ئىلمىرە كوچا باشقارمىسىدىكى كادىرلارنى تەشكىللەپ بىر تەرەپتىن تېخنىكا بويىچە تەربىيەلەشنى قانات يايدۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلىشىگە زور كۈچ بىلەن يار - يۆلەك بولدى، كوچا باشقارمىسىدا كېسمىچىلىك، توكچىلىق، ئاپتوموبىل رېمونتچىلىقى قاتارلىق 26 كەسپىي ئۆگىنىش كۇرسى ۋە پىراكتىكا مەركىزى تەسىس قىلىپ، تەۋەلىكتىكى ئىشقا ئورۇنلىشالمىغانلارنى پىراكتىكا ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلىدى. خەلقنى بېيىتىش يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرى، پىيادىلەر كوچىسى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرى قاتارلىق بەش ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە يېتىشتۈرۈش بازىسىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، بەش كارخانا ۋە 91 يەككە سودا - سانائەتچىنى ماكانلىشىشقا جەلپ قىلىپ، 843 كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تەسىر كۆرسىتىپ تۈرتكە بولدى. ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، لەڭگەر كوچا باشقارمىسى پائال تەشۋىق قىلىپ، ئىش ئورنىدىن قالغانلار، ئىشسىزلار، ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بارلارنىڭ توغرا كەسىپ تاللاش قارىشى تۇرغۇزۇشىغا ياردەم بېرىپ، 13 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى.

ئىلمىرە «مېھىر - شەپقەت بانكىسى»، «مېھىر - شەپقەت تاللا بازىرى»نىڭ كوچا باشقارمىسىدىكى ھەرقايسى مەھەللىلەرگە ماكانلىشىپ، قىيىنچىلىقى بار ئاممىغا مەخسۇس ياردەم بېرىشكە پائال تۈرتكە بولدى؛ پارتىيە ئەزالىرى مۇلازىمەت ئەترىتى، ياشلار مۇلازىمەت ئەترىتى، ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيىتى ئەترىتى، ياشانغانلار قورۇ قوغداش ئەترىتى قۇرۇپ، كوچا باشقارمىسى پىدائىيلار مۇلازىمەت سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقتى؛ «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇردى، مەھەللىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسى «ئانارنىڭ دانىسى» بولۇشقا تىرىشتى.

«مەن كوچا باشقارمىمىزنىڭ تەرەققىياتىنىڭ بارغانسېرى ياخشى بولۇشىنى، ئاممىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ بارغانسېرى ياخشى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن، بۇ نىشان ئۈچۈن بارلىق كۈچۈمنى بېغىشلاشنى خالايمەن» دېدى ئىلمىرە.

(بېشى 1 - بەتتە)

ياردەم بېرىش - يۆلەش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش، نامراتلارنى يۆلەش كەسىپلىرىنى سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇش، زورايتىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلغان نوپۇسلارنى مۇقىم ئىش ئورنىدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ياخشى ئىشلەش، باشقا جايغا كۆچۈرگەندىن كېيىنكى داۋاملىق يۆلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، مەبلەغ، مۈلۈك تۈرلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، خەلق تۇرمۇشىنىڭ تۆۋەن چېكىنى تولۇق ساقلاش قاتارلىق نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى چۆرىدەپ، «تۆتنى توختاتماسلىق» تەلىپىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھازىر بار بولغان ياردەم بېرىش - يۆلەش سىياسىتى، مەبلەغ مەدەتى، ياردەم بېرىش - يۆلەش كۈچىنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم بولۇشىنى ساقلاپ، نامراتلارنى يۆلەش بايلىقىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئىشلىتىپ، مەسىلىلەرنى تۈزىتىشنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇپ، كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىش، كىرىمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلغاندىن كېيىن ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولۇش، تەرەققىي قىلالايدىغان بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىشنى يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ ئالغا سىلجىتىپ، ئۇزاق مەزگىللىك تەدبىر بىلەن قىسقا مەزگىللىك تەدبىر بىرلەشتۈرۈلگەن، ھادىسىنىمۇ، ماھىيەتتىنمۇ تۈزەيدىغان تۈزۈلمە - مېخانىزم ئورنىتىپ، ئىچكى تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىنى نۇقتىلىق كۈچەيتىپ، نامرات رايونلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك گۈللىنىشكە يۈزلىنىشىگە پۈختا قەدەم بىلەن تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ 25 - قېتىملىق كوللېكتىپ ئۆگىنىشىدە قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداشنى كۈچەيتىشنىڭ ۋەزىيىتى ۋە ۋەزىپىسىنى دەل جايىدا ئىگىلەپ، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، يېڭىلىق يارىتىش ھاياتىي كۈچىنى سىجىل قوزغىتىپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىگە تېز سىڭىشىشنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلەش كېرەك. قوغداش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەشنى كۈچەيتىپ، قانۇنچىللىشىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى پۈتۈن زەنجىرلىك قوغداشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كەڭ دائىرىلىك قوغداش خىزمەت ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، تۈزۈلمە - مېخانىزم ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، خەلقئارا قولايلىق، خەلققە پايدىلىق بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئاممىۋى مۇلازىمەت سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمىنىڭ يېڭىلىق يارىتىشقا رىغبەتلەندۈرۈشتىكى كاپالەتلىك رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. تەشۋىق قىلىش، يېتەكلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش تەشۋىقات - تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، كەسپىي خادىملارنى تەربىيەلەشنى كۈچەيتىپ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش ئېڭىنى كۈچەيتىپ، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش قارىشىنى كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدۇرۇش كېرەك. خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئېڭىنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭنىڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش خىزمىتىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، لى پېڭشىن، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

(بېشى 1 - بەتتە)

تىرىشىش ئارقىلىق، 2017 - يىلى نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىۋېتىشنى ئىشقا ئاشۇردى. 2019 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن بارلىق نامرات نوپۇسنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، 22 نۇقتىلىق كەنتنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن چېكىنىپ چىقتى، نامراتلىق يۈز بېرىش نىسبىتى 2014 - يىلىدىكى 30.1%تىن نۆلگە تۆۋەنلىدى.

نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىۋېتىش ئاخىرقى نۇقتا ئەمەس، بەلكى يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى. تەستە قولغا كەلگەن نەتىجە قەغىزى ئالدىدا، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى قانداق مۇستەھكەملەش تولى ناھىيەسى ئىزچىل ئويلىنىپ كەلگەن مەسىلە.

كەسىپ تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى، كەسىپ گۈللەنگەندىلا يۇرتداشلارنىڭ كىرىمى ئاندىن مۇقىم ئاشىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، تولى ناھىيەسى باشتىن - ئاخىر كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەشنىڭ كۈچلۈك تۈرتكىسى قىلىپ، يېشىل، ئورگانىك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىنچىكە پىششىقلاش، ئېلېكترونلۇق سودا ئاممىۋى مۇلازىمىتى، كىيىم - كېچەك كەسپى قاتارلىق بەش چوڭ كەسىپنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇردى. كەسىپلەر باغچە رايونى ئۆلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشى ئارقىلىق، كەسىپلەرنىڭ كۆپ مەنبەلەشكەن تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئەتراپتىكى 37 كەنتتىكى 3500دىن ئارتۇق ئائىلىلىك كەنت ئاھالىسىنىڭ كىرىمىنى مۇقىم ئاشۇرۇشىغا تەسىر كۆرسىتىپ تۈرتكە بولدى.

كەسىپلەر باغچە رايونىدىكى تولى ناھىيەلىك ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى ئاممىۋى مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ يېزا ئىگىلىك خاس مەھسۇلاتلىرى O2O سىناپ بېقىش سارىيىدا، مۇخبىرلار زال ئىچىگە ھەر خىل خاس يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ تىزىلغانلىقىنى كۆردى. «ئېلېكترونلۇق سودىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق، ناھىيەمىزنىڭ ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىش يولى تېخىمۇ كېڭەيدى، تېخىمۇ يىراقلارغا يۈزلەندى» دېدى تولى ناھىيەلىك ئېلېكترونلۇق سودا ۋە سانائەت - ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى چېن چياڭ.

2017 - يىلىدىن بۇيان، تولى ناھىيەسى دۆلەت دەرىجىلىك ئېلېكترونلۇق سودىنى يېزىلارغا كىرگۈزۈشتىكى ئۈنىۋېرسال ئۆلگە كۆرسىتىش ناھىيەسى تۈرىدىن پايدىلىنىپ، نامراتلارنى يۆلەش يۆنىلىشىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى يېتىلدۈرۈش ۋە يېزا - كەنت ساياھەت ئېلېكترونلۇق سودىسىنى بۆسۈش نۇقتىسى قىلىپ، ناھىيە، يېزا، كەنت ئۈچ دەرىجىلىك ئېلېكترونلۇق سودا تور پونكىت - نۇقتىسى قۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى ئېلېكترونلۇق سودىسىنىڭ قوش يۆنىلىشلىك ئوبوروت يولىنى ئومۇميۈزلۈك راۋانلاشتۇردى، نامراتلارنى يېتەكلەش، نامراتلارغا نەپ يەتكۈزۈش ئۈنۈمى كۈنسېرى روشەنلەشتى.

تونۇشتۇرۇلۇشچە، تولى ناھىيەسى «مۇلازىمەت مەركىزى + ئېلېكترونلۇق سودا(كارخانا) + ھەمكارلىق كوپېراتىپى(بازىسى) + نامرات ئائىلە» ئەندىزىسى ئارقىلىق، ئېلېكترونلۇق سودا بويىچە جەمئىي 112 مەيدان قېتىم تەربىيەلەشنى قانات يايدۇردى، تەربىيەلەش ئارقىلىق 1120 ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتى؛ جەمئىي 52 مىليون يۈەنلىك يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتى سېتىلىپ، 3200دىن ئارتۇق ئائىلىلىك كەنت ئاھالىسىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا تەسىر كۆرسىتىپ تۈرتكە بولدى.

پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىندا مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىشنى يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. چېن چياڭ مۇنداق دېدى: بۇنىڭدىن كېيىن، تولى ناھىيەسى يېتەكچى كەسىپلەرنى زورايتىپ، كۈچەيتىپ، كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىپ، كەسىپلەرنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۈنۈملۈك ئۆستۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىدۇ.

(بېشى 1 - بەتتە)

«ئىككى خىل مەھسۇلات، بىر ئۆلچەم(يېشىل يېمەكلىك، ئورگانىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى جۇغراپىيەلىك بەلگىسى)» بويىچە گۇۋاھنامىگە ئېرىشكەن مەھسۇلاتلار بىردەك 90%تىن ئاشتى.

بۇ نۆۋەتلىك يەرمەنكىدە يەنە جىڭدۇڭنىڭ شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى توردا تونۇشتۇرۇش رايونى مەخسۇس تەسىس قىلىنىپ، شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ خۇڭچيو يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى قاتارلىق 20 نەچچە كارخانىنىڭ 40 نەچچە خىل يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى جىڭدۇڭ سۇپىسىدا ماس قەدەمدە تونۇشتۇرۇلدى. 12 - ئاينىڭ 3 - كۈندىكى تۆت سائەتلىك بىۋاسىتە كۆرسىتىش پائالىيىتىدىلا بىۋاسىتە كۆرسىتىشنى كۆرگەنلەر 2 مىليون 140 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئاشتى، دىيەنزەن مىقدارى 1 مىليون 700 مىڭ قېتىمغا يېقىنلاشتى، توردا سېتىلىش سوممىسى 600 مىڭ يۈەندىن ئاشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى يېزا خىزمىتى ئىشخانىسىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن مۇدىرى، يېزا ئىگىلىكى - يېزا نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى شۇ تاۋ مۇنداق تونۇشتۇردى: بۇ نۆۋەتلىك يەرمەنكە شىنجاڭغا ياردەم بېرىش مېخانىزمىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشكە تۈرتكە بولۇپ، تور ۋە تور سىرتىدا سېتىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، شىنجاڭنىڭ ئەلا سۈپەتلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ بېيجىڭ بازىرىدىكى تەسىر كۈچىنى كېڭەيتتى. ئىلگىرىكى نۆۋەتتىكىلەرگە سېلىشتۇرغاندا، كۆرگەزمە ئورۇنلاشتۇرۇش ئەندىزىسى، مەھسۇلات سۈپىتى ۋە ئورۇسى، مەھسۇلاتنى تەشۋىق قىلىش، تونۇشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەرنىڭ ھەممىسىدە يېڭى بۆسۈش بولدى. يىلدا بىر ئۆتكۈزۈلىدىغان بېيجىڭ يەرمەنكىسى شىنجاڭنىڭ ئەلا سۈپەتلىك، خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى نامايان قىلىدىغان مۇھىم سۇپىغا ئايلىنىپ، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋە يېزا ئىگىلىكىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشقا كۈچ قوشۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى.